يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ خەلق ئاممىسى رازى بولىدىغان بەخت دەريا ـ كۆللىرىنى بەرپا قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىرىنچىدىن، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈش كېرەك. پۈتۈن ۋەزىيەت ۋە ئىستراتېگىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، دەريا ـ كۆل باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشنىڭ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، دەريا ـ كۆللەرنى باشقۇرۇش، قوغداشتىكى سىياسىي مەسئۇلىيەتنى قەتئىي زىممىگە ئېلىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، سىستېمىلىق تەپەككۇردا چىڭ تۇرۇش كېرەك. «سۇ تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، بوشلۇق تەڭپۇڭ بولۇش، سىستېمىلىق تۈزەش، ئىككى قولدا كۈچەش»تىن ئىبارەت سۇ تىزگىنلەش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەنبەدىن تۈزەش، سىستېمىلىق تۈزەش، ئۇنىۋېرسال تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئېقىن رايونىنى قوغداش، تۈزەشنىڭ سىستېمىلىقلىقى، بىر پۈتۈنلۈكلۈكى، ماسلىشىشچانلىقىنى سىجىل ئۆستۈرۈپ، سۇ، قۇرۇقلۇقنى ئورتاق تۈزەيدىغان، تارماقلار بىرلىشىپ تۈزەيدىغان، ئومۇمىي خەلق بىرلىكتە تۈزەيدىغان دەريا ـ كۆللەرنى قوغداش، تۈزەشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، كۈچەپ قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا، يېشىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، سۇ بايلىقىنى ئەڭ زور قاتتىق چەكلىمە قىلىپ، ئەڭ قاتتىق سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، «قىزىل سىزىق» چەكلىمىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سۇ ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، دەريا ـ كۆللەرنىڭ سۇ مۇھىتى، سۇ ئېكولوگىيەسىنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، سۇ بايلىقىدىن ئىمكانىيەتلىك سىجىل پايدىلىنىش ۋە ياخشى سۇ مۇھىتى، سۇ ئېكولوگىيەسى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تىرەك بولۇش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىش، پۇختىلاش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك دەريا ـ كۆل باشلىقلىرى دەريا ـ كۆللەرنى باشقۇرۇش، قوغداشتىكى ياخشى «ئەترەت يېتەكچىسى» بولۇپ، چارلاپ تەكشۈرۈشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇپ، دەريا ـ كۆللەرنى قوغداشقا مەسئۇل بولۇش، دەريا ـ كۆللەرنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىش، دەريا ـ كۆللەرنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى ۋە تەۋەلىك بويىچە باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئېلىشى، ھەر دەرىجىلىك دەريا ـ كۆل باشلىقى تۈزۈمى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى باشلامچىلىق بىلەن ئومۇمىي جەھەتتىن تۇتۇشى، ئۇنىۋېرسال ماسلاشتۇرۇشى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى، ھەرقايسى دەريا ـ كۆل باشلىقى تۈزۈمىگە ئەزا ئورۇنلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆزئارا ماسلىشىپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، دەريا ـ كۆل باشلىقى تۈزۈمىدىكى تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

بەشىنچىدىن، كاپالەتلىك قىلىش، نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. مالىيە جەھەتتىن قوللاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بايلىقنى بىرىكتۈرۈپ ئەلالاشتۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ نۇقتىلىق دەريا ـ كۆللەرنى تۈزەش، قوغداش ۋە ئېكولوگىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ تەشۋىق قىلىش، يېتەكلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە دەريا ـ كۆللەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، دەريا ـ كۆللەرنى قەدىرلەيدىغان، دەريا ـ كۆللەرنى قوغدايدىغان ياخشى كەيپىيات يارىتىش كېرەك؛ نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەكشۈرۈپ باھالاش، جاۋابكارلىققا تارتىشنى چىڭىتىپ، ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىش ۋە تۈزۈم ئارقىلىق دەريا ـ كۆل باشلىقلىق مەسئۇلىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق دەريا ـ كۆل باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەنپەئىتىنى كۆزلەش دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ تۈپ تەلىپى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇقەددەس بۇرچى، شۇنداقلا دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئاساسلىق خىزمەت. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەمگەكچىلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى كۈچەپ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئەمگەك ھەققىنىڭ دەسلەپكى تەقسىماتتىكى نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشتىن ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، ئىناق ئەمگەك مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقىچە، يەنە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتى، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىدە بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشقىچە، بىر قاتار مۇھىم، زور تەدبىرلەر ئەمگەكچىلەرنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى مەنپەئىتىنى كۈچلۈك قوغدىدى ۋە راۋاجلاندۇردى، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغدىدى، شۇنداقلا ئىجتىھات بىلەن ئىش قىلىش، ئىجتىھاتلىق ئادەم بولۇش، ئىجتىھات بىلەن ئەمگەك قىلىپ بېيىشنى پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئەۋج ئالدۇردى. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ياخشى قوغداپ، ياخشى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بىلەن ئەمگەك قىلىشى، ئەتراپلىق يېتىلىشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنى چوقۇم يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمگەك قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىجاد قىلىش يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قويۇپ بېرىپ، جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇلۇغ مۇساپىسىدە داۋاملىق جان تىكىپ كۈرەش قىلىپ، تىرىشىپ ئالدىنقى قاتاردىكىلەردىن بولۇپ، باتۇرلۇق بىلەن يۇقىرى پەللىگە ئۆرلىيەلەيدۇ.

يېڭى مۇساپىنى باشلاش، يەلكەن چىقىرىپ قايتا يولغا چىقىشتا، بولۇپمۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىلىرىنى ياخشى ھەل قىلىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن خەلقنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل مەنپەئەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى ياخشى قوغداپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائاش، ئىجتىمائىي كاپالەت، داۋالىنىش، تۇرالغۇ، ياشانغاندا كۈتۈنۈش، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى، ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت، جەمئىيەت ئامانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىپ، ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ كىرىم سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ئەمگەك بىخەتەرلىكى ۋە سەھىيە شارائىتىنى ياخشىلاپ، كەڭ ئەمگەكچىلەرنى ئىسلاھات، تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى ئورتاق يارىتىش، ئۇنىڭدىن ئورتاق بەھرىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق ئورتاق بېيىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش كېرەك. يېڭى تېخنىكا، يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، كۆپ خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، تېز يەتكۈزۈش خادىملىرى، توردا زاكاز ئالىدىغان ئىشچىلار، يۈك ئاپتوموبىلى شوپۇرلىرى قاتارلىق ئىشقا ئورۇنلاشقان كىشىلەر توپىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى ياخشى قوغداش كېرەك. قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا ياردەم بېرىش ـ يۆلەش خىزمىتى مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىنى قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ قەلبىگە يەتكۈزۈپ، ئۇلارغا سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. ئاممىنىڭ كۆپ خىل ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشنىڭ يېڭى يوللىرىنى ئېچىپ، مۇلازىمەتنى ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىغا تېخىمۇ بىۋاستە، تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ يېقىن قىلىپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش ئەمەلىي ئۈنۈمى ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىنى تەسىرلەندۈرۈش، كىشىلەر قەلبىنى ئىللىتىش، كىشىلەر قەلبىگە تەسىر كۆرسىتىش، كىشىلەر قەلبىنى مايىل قىلىش كېرەك.

ئەمگەكچىلەرنى قوغداش، ئىجادچانلىقىنى ئۇرغۇتۇش تۈزۈم ـ مېخانىزم كاپالىتىدىن ئايرىلالمايدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «پارتىيە، ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھوقۇق قوغداش مۇلازىمىتى مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كارخانا ئورتاق قاتناشقان كېڭىشىش، ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەمگەك قانۇن ـ نىزام سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداشنى قانۇن ۋە تۈزۈم كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىنى ئاساسىي شەكىل قىلغان كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، زاۋۇت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، كەڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ، ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.» ئالاقىدار تۈزۈملەرنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ تەرەققىياتقا قاتنىشىشى، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن بەھرىلىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرگەندىلا، جەزمەن دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئەمگەك ـ ئىجاد قىلىشتىكى ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچىنى تېخىمۇ ياخشى ئۇرغۇتقىلى بولىدۇ.

دۆلەت قۇرۇلۇشى پۈتكۈل خەلقنىڭ ئورتاق ئىشى، دۆلەتنىڭ تەرەققىيات جەريانىمۇ پۈتكۈل خەلقنىڭ نەتىجىلەردىن ئورتاق بەھرىلىنىش جەريانى. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا، ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ياخشى قوغداپ، ياخشى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەمگەكچىلەرنى تېخىمۇ كاپالەتكە، تېخىمۇ ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئىگە قىلالىساقلا، بىز چوقۇم پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىش ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ياخشى ئۇرغۇتۇپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلىيالايمىز، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا قاراپ يۈرۈش قىلالايمىز!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

لى يىفېي ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىرلارنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بويىچە مەركەزلىك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش كۇرسىدا مەخسۇس تېمىدا كونسۇلتاتسىيە قىلدى

## پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل غوپۇر** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى لى يىفېي ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىرلارنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بويىچە مەركەزلىك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش كۇرسىدا مەخسۇس تېمىدا كونسۇلتاتسىيە قىلدى.

لى يىفېي مەخسۇس تېمىلىق كونسۇلتاتسىيەدە مۇنداق كۆرسەتتى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، چوڭقۇر ئۆگىنىش ـ تەپسىلىي چۈشىنىش، مۇھىم مەزمۇننى ئىگىلەشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە قوللىنىشنى تۇتاشتۇرۇشنى، بىلىش، ئىشىنىش، ئىشلىتىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىي خىزمەت ئۈنۈمىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

لى يىفېي مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: قەتئىي، كەسكىن ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، باش شۇجىنىڭ پارتىيەنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى، ئىدىيە قۇرۇلۇشىنى ئاساس، تەشكىلىي سىستېما قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تايانچ قوشۇنى قۇرۇلۇشى ۋە ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ئاچقۇچ، تەشكىلىي تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى مۇھىم كاپالەت قىلىپ، پارتىيەنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىزچىل تۈردە پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىپ، پارتىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۈرلەر تەدرىجىي كۆپەيدى، ھەتتا نۇرغۇن يىل كۆرگىلى بولمىغان ياۋا چوشقا، جەرەن، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارمۇ قايتىپ كەلدى. ئورمانچىلىق رايونىدا ماڭغاندا، قىرغاۋۇل ۋە ياۋا توشقانلارنى پات ـ پات ئۇچراتقىلى بولىدۇ.» كورلا شەھەرلىك توغراقلىق باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى رېنچېن دورجى مۇنداق دېدى: بۇ بىر نەچچە يىلدا ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بارغانسېرى ياخشىلاندى، دېھقانچىلىق مەيدانى توغراق بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ساياھەتچىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ھەمىيىنى بارغانسېرى تومپايدى.

بۇ يىل 10 ـ ئايدا، پۇخۇي دېھقانچىلىق مەيدانىدا 3 ـ نۆۋەتلىك پۇخۇي توغراق مەدەنىيىتى ساياھىتى بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى. پائالىيەت ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى ئاچىسىنىڭ ئاشخانا ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ بەرگەن ئەخمەت زىكرول شۇ كۈنى ئاشخانىنىڭ ساپ كىرىمىنىڭ 50 مىڭ يۈەنگە يەتكەنلىكىنى ھەيرانلىق ئىچىدە بايقىدى. «ئاشخانىدا بىر كۈندە تاپقان پۇل مېنىڭ بىر يىلدا تاپقان پۇلۇمدىن ئېشىپ كەتتى» دېدى ئەخمەت.

«مەن ئىلگىرى يەرنى قانچە كۆپ ئاچسا، شۇنچە كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتىم. دېھقانچىلىق مەيدانى ماڭا 300 مو تېرىلغۇ يەرنى قايتۇرۇپ، سۇنى ئازايتىشقا بۇيرۇغاندا، بىر مەھەل كاللامدىن ئۆتمىگەندى.» ھازىر ئەخمەت ھەقىقىي تەسىراتى ئارقىلىق «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىۋاستە چۈشىنىپ يەتتى، «مۇھىت ياخشىلاندى، سالامەتلىكىمىز ياخشىلىنىپ كەتتى، پۇلىمۇ كۆپ تېپىۋاتىمىز».

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا يېشىل تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىللە ئۆتۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پۇخۇي دېھقانچىلىق مەيدانى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى پېڭ خۇڭگاڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «بىز يېشىل تەرەققىياتنى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات يىرىك پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ‹يېزا ئىگىلىكى+ساياھەت›نى تەرەققىيات نىشانى، يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىنى تۇتقا قىلىپ، توغراق ساياھەت بايلىقىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئېچىپ، يېزا ئىگىلىك ئېكسكۇرسىيەسى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئۈزۈش، تېرىقچىلىق قىلىپ بېقىش، دېھقانلار تۇرالغۇسى بىر گەۋدە قىلىنغان ساياھەت ئەندىزىسىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرىمىز».

«كېلەر يىلى مەن دېھقانلار ئارامگاھىنى ياخشى باشقۇرۇش، پۇقراۋى قونالغۇ سېلىش، مېۋە ئۈزۈشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ساياھەتكە تايىنىپ، ‹يېشىل پۇل› تاپىمەن.» كېلەر يىللىق تەرەققىياتقا قارىتا ئەخمەتنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرى بار ئىدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پەن ـ تېخنىكا كارخانىلىرى يېتىشتۈرۈش بازىسى، ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش بوشلۇقى قاتارلىق تۈرلۈك ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش بويىچە يېتىشتۈرۈش ۋاستىسىدىن 199 (دۆلەت دەرىجىلىكى 48)نى قۇرۇپ چىقتى، بۇ «12 ـ بەش يىل»نىڭ ئاخىرىدىكىدىن 142% ئاشتى. بۇ يىل تۈرلۈك ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش بويىچە يېتىشتۈرۈش ۋاستىسى ئارقىلىق يېتىشتۈرگەن كارخانا (يېڭىلىق يارىتىش كوللېكتىپى) 5048گە يېتىپ، ئىگىلىك تىكلەش، ئىشقا ئورۇنلىشىش بويىچە 24 مىڭدىن كۆپرەك كىشىنى قوبۇل قىلدى.

«كوللېكتىپىمىزنىڭ كۆلىمى تۆت كىشىدىن تەرەققىي قىلىپ 20 نەچچە كىشىگە يەتتى، كارخانىمىز بۇ يىل يەنە دۆلەتنىڭ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانىسى، دەپ بېكىتىلدى. بىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىپ زورىيىشىمىزنىڭ ھەربىر قەدىمى يېتىشتۈرۈش بازىسىنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ» دېدى ياڭ لي.

خەيلاڭ شىركىتىنىڭ تەرەققىياتى نۇرغۇن يېتىشتۈرۈشتىن چىققان كارخانىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ئىخچام كارتىنىسى. بەش يىل مابەينىدە، ئۈرۈمچى شەھىرى بېيجىڭ، شاڭخەي، چۇڭچىڭ، شېنجېن بىلەن بىرلىكتە «يىپەك يولى» رايون ھالقىغان ھەمكارلىشىپ يېڭىلىق يارىتىش مەركىزى (باشقا جايدا يېتىشتۈرۈش، سىرتقا يۈزلەنگەن يېتىشتۈرۈش بازىسى) ئىتتىپاقىنى ئورتاق تەشكىللەپ قۇرۇپ، سىياسەت زەنجىرى، يېڭىلىق يارىتىش زەنجىرى، كەسىپ زەنجىرى، ئىختىساسلىقلار زەنجىرى، مەبلەغ زەنجىرى، مۇلازىمەت زەنجىرىدىن ئىبارەت «ئالتە زەنجىر» بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، كارخانىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشىغا ياخشى مۇھىت ھازىرلاپ بەردى.

ئىگىلىنىشچە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھىرى «خۇشسەن ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكەت پىلانى»نى يولغا قويۇشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، سىرتقا يۈزلەنگەن يېتىشتۈرۈش، باشقا جايدا يېتىشتۈرۈش بازىسىنى ئۆزئارا تەسىس قىلىشنى ۋاستە قىلىپ، تەشكىللەش ئارقىلىق ئورتاق قۇرۇش، ۋاستە ئارقىلىق ئورتاق قۇرۇش، مېخانىزم ئارقىلىق ئورتاق قۇرۇش، كەسىپ ئارقىلىق ئورتاق قۇرۇش، تېخنىكا ئارقىلىق ئورتاق قۇرۇش، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق ئورتاق قۇرۇش ۋە بازار ئارقىلىق ئورتاق قۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىياغا يۈزلەنگەن تاشقى پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئېچىۋېتىش، يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىيات سۇپىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك «ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش» ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شەھەرلىك پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇر مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ مۇدىرى ئەي جىباۋ مۇنداق بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرى ھۆكۈمەت يېتەكچى، بازار يۆنىلىش، كارخانا ۋە پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ئاساسىي گەۋدە، پەن تەتقىقاتتا يېڭىلىق يارىتىدىغان ئىختىساسلىقلار ئاساسىي كۈچ، تۈزۈم كاپالەت قىلىنغان يېڭىلىق يارىتىش ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى پائال بەرپا قىلىپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش گۇرۇھى ۋە ئۈرۈمچى تېخنىكا ـ سودا بىرژىسى (بازىرى)نى تەشكىللەپ قۇرۇپ، رايون پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش، ئىجاد قىلىش يېڭى ئېگىزلىكىنى بەرپا قىلىدۇ.